پۇل مۇئامىلىنىڭ ئايلىنىش نەتىجىسى ياخشى بولدى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئاشتى

ـــ شىنجاڭنىڭ بىرىنچى پەسىللىك پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى توغرىسىدا يەشمە

تىيانشان يەشمىسى

☐مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈگىپى

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىشىدا ئۇدا بەش ئاي قايتا ئۆرلەش بولدى؛

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ خەلق پۇلى ـ چەت ئەل پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.8% ئاشتى؛

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك قەرز پۇلى ۋە ھەر خىل تىپتىكى كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 10.7 ۋە 10.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى.

……

بىر قاتار تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سىياسىتىنىڭ غىدىقلىشى ئاستىدا، بىرىنچى پەسىلدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئايلىنىشىدا تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ يۈزلىنىشى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولدى، ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى تېز ئېشىپ، قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاز نىسبەتتە قايتا ئۆرلەپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئايلىنىشى ياخشى نەتىجە قەغىزىنى تاپشۇردى.

■ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئومۇمىي سوممىسى 2 تىرىليون 500 مىليارد يۈەننى بۆسۈپ ئۆتتى

خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل بىرىنچى پەسىلنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى 2 تىرىليون 533 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.5% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.7 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلەپ، ئۇدا بەش ئاي قايتا ئۆرلىگەن. «ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئۆرلىشى ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى ئاستىدا، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىشىپ ئۆرلەشكە يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى پۇل مۇئامىلە شۆبىسىنىڭ دوتسېنتى سۈ نىڭ.

ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئومۇمىي سوممىسى قۇرۇلمىسىدا، بانكا كرېدىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 74.3% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 5.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى، ئۇ يەنىلا شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىدىن باشقا كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەنبەسى.

بىرىنچى پەسىلنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىدىن باشقا كارخانىلارنىڭ بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش(پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىدىن باشقا كارخانىلارنىڭ زايوم ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ۋە پاي چېكى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش) قالدۇقى 344 مىليارد 490 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.2% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىدى. «مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قۇرۇلمىسىدىن كۆزەتكەندە، بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئېشىشى كارخانىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش پىشاڭى ۋە مالىيە خەۋپ ـ خەتىرىنى تۆۋەنلىتىشكە، بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كرېدىت خەۋپىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق» دېدى سۈ نىڭ.

بىرىنچى پەسىلنىڭ ئاخىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زايومى، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تۆلىمى، ئاز سومىلىق قەرز پۇلى بېرىش شىركىتىنىڭ قەرز پۇلى قاتارلىق باشقا يوللار ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش داۋاملىق تېز ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قالدۇقى 146 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 65.8% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 14.6 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىدى.

«ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، تەرتىپلىك، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمەلىي ئىقتىسادقا تىرەك بولۇش ئىقتىدارى مۇقىم، سالماق» دېدى سۈ نىڭ.

■خەلق پۇلى ـ چەت ئەل پۇلى قەرز پۇلى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.8% ئاشتى

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ خەلق پۇلى ـ چەت ئەل پۇلى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 تىرىليون 331 مىليارد 170 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا تۆت ئاي ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرۇپ، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 2.9%تىن 9.8%كە تېز، سىجىل قايتا ئۆرلەپ، ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 3.1 پىرسەنت پوئېنت ۋە 1.5 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قەرەللىك ئامانەت پۇل قالدۇقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.9% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا يەتتە ئاي ئۆرلەش ھالىتىدە تۇردى. «بۇ ئامانەت پۇل مۇقىملىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق» دېدى خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى گو جيەنۋېي.

بىرىنچى پەسىلنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ خەلق پۇلى ـ چەت ئەل پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 1 تىرىليون 928 مىليارد 630 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.8% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1.4 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىدى، بۇ 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى نۇقتا.

قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلغاندا، ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق بىر قاتار پۇل سىياسىتى تەدبىرلىرى ئاساسلىق ئامىلدۇر. «ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى ئاستىدا، جۇڭگو خەلق بانكىسى بىر قاتار تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، شىنجاڭ بانكىچىلىقى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئالتە قېتىم تۆۋەنلىتىلىپ، جەمئىي 78 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ قويۇپ بەردى» دېدى گو جيەنۋېي.

بىرىنچى پەسىلدە قەرز پۇل مىقدارى ئېشىپلا قالماي، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىمۇ تۆۋەنلىدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كارخانا قەرز پۇلىنىڭ ۋەزىنلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.0197% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.09 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى.

«كرېدىتنىڭ يېڭى ئىگىلىكى، كىچىك، مىكرو كارخانىلار، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ياسىمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلارغا چېتىشلىق جەھەتلەرنى قوللاش رولى كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇ مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنى سىجىل قويۇپ بېرىش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساياھەتچىلىكنى چوڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنىڭ قوللىشىنى سىجىل ياخشىلاشتىن ئىبارەت تۆت مۇھىم ئامىلنىڭ رول ئوينىشىدا، بۇ يىل شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ» دېدى گو جيەنۋېي.

■كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىدە «مىقدار ئاشۇرۇلۇپ، باھا تۆۋەنلىتىلدى»

«بۇلتۇردىن بۇيان، بىز ئۈزلۈكسىز ھالدا كىچىك، مىكرو كارخانىلار كرېدىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە بايلىقىنىڭ پۇقراۋى كارخانىلار ۋە كىچىك، مىكرو كارخانىلارغا ئۈزلۈكسىز توپلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇق» دېدى گو جيەنۋېي. بىرىنچى پەسىلدە، شىنجاڭدىكى پۇقراۋى كارخانىلار، كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىدا «مىقدار ئېشىش، باھا تۆۋەنلەش»تەك تەرەققىيات ھالىتى ساقلاندى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇل قالدۇقى 306 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.5% ئېشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك قەرز پۇل ۋە ھەر خىل تىپتىكى كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 10.7 پىرسەنت پوئېنت ۋە 10.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولدى.

كرېدىت قوللىغان كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ سانى ئاشتى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، قەرز پۇل ئالغان كىچىك، مىكرو كارخانىلار سانى 27 مىڭ 645 بولۇپ، بىرىنچى پەسىلدە 5146سى كۆپىيىپ، قەرز پۇل ئالغان بارلىق كارخانىلار سانى ئېشىش مىقدارىنىڭ 98.9%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىناۋەت دەرىجىسى 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن يەككە قەرز ئالغان كىچىك، مىكرو كارخانىلار سانى 17 مىڭ 201 بولۇپ، بىرىنچى پەسىلدە 4880ى كۆپىيىپ، قەرز پۇل ئالغان كىچىك، مىكرو كارخانىلار سانى ئېشىش مىقدارىنىڭ 94.8%نى ئىگىلىدى. «بۇ تېخىمۇ كۆپ كىچىك، مىكرو كارخانىنىڭ قەرز پۇل قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى سۈ نىڭ.

كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۇچۇر يوللاش، يۇمشاق ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر تېخنىكا مۇلازىمەت كەسپىدىكى كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلى، پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا مۇلازىمەت كەسپىدىكى كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 208.7%، 86.4% بولۇپ، كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان ئىككى ساھە بولغان.

«بۇ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشنى تۈرتكە قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قاراپ تېز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» دېدى سۈ نىڭ.

كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى سىجىل تۆۋەنلىدى. 3 ـ ئايدا، يېڭىدىن تارقىتىلغان كىچىك، مىكرو كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ۋەزىنلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.58% بولۇپ، 2 ـ ئايدىكىدىن 0.21 پىرسەنت پوئېنت، 2018 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.38 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يېقىندا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىزگە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ بەختلىك پەيتلىرىمىزگە گۇۋاھ بولدى.» تۇنىسانىڭ دېيىشىچە، ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش قىلىپ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدە چىرايلىق توي كۆڭلىكى كىيىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

■كوللېكتىپ توي مۇراسىمى بەك قىزىپ كەتتى

«بىز تېلېۋىزور كۆرمەسلىكىمىز كېرەك، ئاياللار مودا كىيىملەرنى كىيسە بولمايدۇ، سىرتقا چىقسىمۇ بولمايدۇ، خىزمەت قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ...» بۇ مەتقۇرباننىڭ ئىلگىرىكى كۆزقارىشى ئىدى. كېرىيە ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىرىپ ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارىشى ئۆزگەردى.

«بىز مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بەكلا چەتكە قېقىپتىكەنمەن.» مەتقۇربان مۇخبىرلار بىلەن ئىلگىرىكى تۇرمۇشى توغرىسىدا پاراڭلاشتى، «ئەمەلىيەتتە ئىلگىرى مەن ئانچە خۇشال ياشىيالمىغاندىم، تۇرمۇشۇمنى بەك خۇنۇك ھېس قىلاتتىم، چۈنكى نېمىنىلا قىلسام بولمايتتى.» ئۇ چاغدا، ئۇ دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ئەگىشىپ قانۇنسىز دىن ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانىدى، مودا كىيىنگەن ئاياللارنى ئۇچراتسا ناھايىتى خاپا بولاتتى، ھەتتا ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتەتتى.

قىز دوست تۇتقاندىن كېيىن، مەتقۇرباننىڭ قارشى تەرەپكە: تويدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئىشلىمەيسىز، پەقەت ئۆيدە ئولتۇرىسىز، يەنە چوقۇم نىقابلىق كىيىم كىيىسىز، دېگەنىدى. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى ئويلىرىمنىڭ ناھايىتى ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتىم. ناۋادا داۋاملىق مۇشۇنداق كېتىۋەرگەن بولسام، مېنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىم بارغانسېرى يوقاپ، ‹ئۈچ خىل كۈچ›نىڭ قولچوماقچىسىغا ئايلىنىپ قالارىكەنمەن.» ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئويلىغاندا، مەتقۇربان قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

«مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى تاشلىۋەتمىدى. مېنى تەربىيەلەپ قۇتقۇلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ياردەملىشىپ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇردى ـــ مەن ۋە خوتۇنۇم ئۈچۈن كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى.» مەتقۇرباننىڭ دېيىشىچە، ئۇ تۇنىسا بىلەن ئۈچ يىل مۇھەببەتلىشىپتۇ، لېكىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى چەكلىك بولغاچقا، ئىزچىل توي ئىشىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزەلمەپتۇ. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار 15 جۈپ قىز ـ يىگىتكە كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

«ئۆيلىنىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشتىن تارتىپ كىيىم زاكاز قىلىشقىچە، يەنە توي مۇراسىمى مەيدانىنى بېزەش قاتارلىقلارغىچە ھەممىسىنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىر قوللۇق بېجىردى.» مەتقۇربان مۇنداق دېدى: «توي مۇراسىمى تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ھالقىپ كەتتى، نۇرغۇن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر توي مۇراسىمىغا قاتناشتى، كەنتتىكى نۇرغۇن كىشى ماڭا تولىمۇ ھەۋەس قىلدى».

تويدىن كېيىن، تۇنىسا كەنت كادىرىنىڭ ياردىمىدە، ناھىيەدىكى بىر كىيىم تىكىش زاۋۇتىدا ئىشلەپ، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى گۈزەل تۇرمۇشقا تېخىمۇ تەلپۈنىدىغان بولدى.

■كەنتتىكى ئۆزگىرىش بەك چوڭ

ھەر ھەپتە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپ ئۆيىگە قايتقاندا، مەتقۇرباننىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كالا قوتىنىغا كىرىپ قاراپ بېقىش ئىدى. «ئائىلىمىز ئۈچ كالا باقىقان، بىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، ھەر يىلى 2000 يۈەن پايدا ئايرىپ بېرىدۇ، قالغان ئىككىسى بوغاز بولدى، موزايىنى 5000 يۈەنگە، چوڭ كالىنى 15 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا چوقۇم مەسىلە يوق» دېدى مەتقۇربان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىشلارنى مۆلچەرلەپ.

كالىنى كەنت ياردەم قىلىپ ئىلتىماس قىلىپ بەرگەن 50 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا سېتىۋالغان. «شۇ چاغدا مەن يىغلاپ كەتكەنىدىم» شۇنداق دېگەچ مەتقۇرباننىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە قىزىرىشقا باشلىدى: «مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى تاشلىۋەتمەيلا قالماي، يەنە ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى».

يېڭىباغ يېزىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى لى دۇڭۋۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: مەتقۇربان ئائىلىسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە. ئۇلار 50 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، يەنە باشقا بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىنمۇ بەھرىمەن بولدى.

يېقىندا، مەتقۇرباننىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ قالغاندا، كەنت كادىرلىرى بوۋاينى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ كېسىلىنى كۆرسەتتى. «كېسەل كۆرسىتىشكە 2000 يۈەن كېتىپتىكەن، كۆپ قىسمىنى ئاتچوت قىلىپ بېرىپتۇ.» مەتقۇرباننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا، ئۆيدىكى ھەممە ئىشلار ياخشى، ھېچقانداق قىيىنچىلىقىمىز يوق، سەن خاتىرجەم ئۆگەنگىن، دەيدىكەن.

«قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى ئېنىق تونۇدۇم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئېلىپ كەلگەن خەۋپنى ئېنىق تونۇدۇم.» مەتقۇرباننىڭ دېيىشىچە، تەربىيەلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىكەنتۇق، ھازىر ئۇنداق ئەمەسكەن، ئۇ قانداق قىلىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى، قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئويلايدىكەن.

مەتقۇرباننىڭ ئائىلىسىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپ قالماستىن، ئۆزگىرىش يەنە ئاياغلەمپە كەنتىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىمۇ يۈز بەردى. مەتقۇربان مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ھازىر كەنتتىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مودا ياسىنىدىغان بولدى، يېڭى ئۆيلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، كەنتتە يەنە كەچلىك بازار ئېچىلدى، راۋېزا، كاۋاپلار بەك يېيىشلىك، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى...

■ماھارەتنى ياخشى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم

مەتقۇربان بىلەن ئاكىسى مەتتۇردى ئابابەكرى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كىمنىڭ ياخشى ئۆگىنەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەسلىشىشكە پۈتۈشكەندى.

مەتتۇردى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنىسىدىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلايتتى، «ئىنىم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىشتىن ئىلگىرى سەۋىيەسى مېنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ھازىر ئېنىقلا مەندىن ياخشى سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. مەن كۈچىسەم بولغۇدەك، بولمىسا بەك يۈزۈم چۈشۈپ كەتكۇدەك.» مەتتۇردى ھازىر كەنتتىكى كەچلىك كۇرسنىڭ سىنىپ باشلىقى، ھەر قېتىم دەرستىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ يەنە بىردەم ئۆگىنىدۇ، ئۇ ئاللىقاچان نەچچە ئۆگىنىش خاتىرىسىنى توشقۇزۇپ بولدى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، مەتقۇربان يەنە ئۆزى قىزىقىدىغان ماھارەتنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ چوقۇم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەمىنلىگەن بۇنداق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ئوبدان قەدىرلەيدىكەن، چۈنكى بىلىم ئۆگىنىش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپتۇ. ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئىگە بوپتۇ.

مەتقۇربان پېچىنە ـ پىرەنىك ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە تىزىملىتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستى، يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. مەن تېخنىكا ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ خوتۇنۇمغا ئۆگىتىپ، كېيىن پېچىنە ـ پىرەنىك دۇكىنى ئېچىشنى ئويلاشتىم. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي يەنە بېيىشىمىز كېرەك» مەتقۇربان كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولغانىدى.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە قارشى داۋاملىق ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرىمەن

☐چىرا ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئادىل ئابلا

پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە ۋەتەننى ئانام دەپ بىلىپ كەلدىم، مەن ۋە ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتىمىز، ئانىمىزنىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز. ھالبۇكى، «ئۈچ خىل كۈچ» ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىگە ئارازلىق سېلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قويىنىدىن پارچىلاپ چىقىپ كېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئېقىمغا قارشى قىلمىشى ئالدىدا، بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆزۈمگە قويىدىغان بىرىنچى تەلەپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايمەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەرگىز مۇجمەل گەپ قىلمايمەن، پوزىتسىيەدە تۇتۇق بولمايمەن، باشتىن ـ ئاخىر بايرىقىمنى ئىنتايىن روشەن، مەيدانىمنى ئىنتايىن مۇستەھكەم، پوزىتسىيەمنى ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمەن.

«ئۈچ خىل كۈچ» ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى سادىر قىلدى، بىز بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ غالجىرلاشقان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايى ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالدۇق. زوراۋان ـ تېررورچىلارنىڭ قىلمىشى ئىنتايىن زەھەرخەندە، ۋاسىتىسى ئىنتايىن قەبىھ، تەسىرى ئىنتايىن يامان، ئادەمىيلىكنى يوقاتقانلىق، كىشىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزگە ئىلمايدىغان رەزىل ماھىيىتىنى قىپيالىڭاچ ئاشكارىلىدى، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشى ئىنسانلار مەدەنىيلىكىگە خىرىس قىلغانلىق، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق. «ئۈچ خىل كۈچ» «مۇسۇلمانچە» ئۇقۇمىنى كېڭەيتىشنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىشنىڭ شەكلى، ئاممىنى تالىشىشنىڭ يولى، قارشىلىشىش ۋاسىتىسى قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاممىغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى. شۇڭا بىز بۇنىڭ رېئال خەۋپىنى تولۇق تونۇپ، خاتا تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.

بىرلىك سەپ سىستېمىسىدىكى بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆز ئەۋزەللىكىمنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە باشلامچىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە قارشى دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ ساپلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيەنى پائال ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، ئەسەبىي ئىدىيەگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان پولات سېپىلنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.